«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# پىلچاق ئۆيىگە قايتتى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

小不点儿. 小不点回家了：维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编 ；龙喜汇动漫公司绘；帕丽达·买买提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2015.12

ISBN 978-7-5469-7829-1

Ⅰ. ①小… Ⅱ. ①新… ②龙… ③帕… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 280889 号

策　　划：于文胜
责任编辑：迪娜·迪里木拉提
责任校对：米哈日班·努尔艾合买提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：艾尼瓦·库迪力克
责任印制：刘伟煜

书　　名　小不点儿绘本丛书 —— 小不点回家了（维吾尔文）
译　　者　帕丽达·买买提
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市沙依巴克区克拉玛依西街 1100 号（邮编 830091）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　新疆新美大厦文化传媒有限责任公司
开　　本　889 mm × 1194 mm　1/16
印　　张　2
版　　次　2015 年 12 月第 1 版
印　　次　2017 年 12 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7829-1
定　　价　10.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# پىلچاق ئۆيىگە قايتتى

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

شىۋىرغان توپتوغرا ئۈچ كۈن چىقىپتۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن سىرت جىمجىتلىققا چۆمۈپتۇ. ئاسماندىن ئاندا ـ ساندا قار ئۇچقۇنلىرى چۈشۈپ تۇرۇپتۇ، تاغ چوققىلىرى قېلىن ئاپئاق قارلار بىلەن كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ.





پىلچاق بىلەن كىچىك شىر كۆپ ۋاقىتنى ئۆڭكۈردە ئۇخلاش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئاق كۆڭۈل قوڭۇر ئېيىق ھېرىپ ھالدىن كەتكەن بۇ ئىككى شاكىچىكنىڭ ھالدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. ئۇ ئۆزى يىغىپ قويغان يېمەكلىكلەرنى ئىككى شاكىچىككە بېرىپتۇ، ئوت ئۆچۈپ قالمىسۇن دەپ، چوغلارغا ئوتۇن تاشلاپ قويۇپتۇ.

پىلچاقنىڭ بەدىنىگە ئاستا ـ ئاستا ماغدۇر كىرىپتۇ، كىچىك شىرمۇ ئۆزىگە كۈچ كىرگەندەك ھېس قىلىپتۇ.

ئاخىر قارمۇ توختاپتۇ. قوڭۇر ئېيىق بىر پالتىنى ئېلىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇ بىر دەرەخنى كېسىپ، پىلچاق بىلەن كىچىك شىرغا چانا ياساپ بەرمەكچى بوپتۇ.





قوڭۇر ئېيىقنىڭ قولى راستتىنلا گۈل ئىكەن، ئۇزاق ئۆتمەيلا چانىنى ياساپ بوپتۇ.

— ياقتۇردىڭلارمۇ؟ هاردۇقىڭلار چىققاندىن كېيىن، سىلەرنى مۇشۇ چانا بىلەن قارلىق تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، — دەپتۇ.

— ۋاھ! بۇ ھەقىقەتەن نەپىس ياسالغان چانا ئىكەن.



ئۇلار بىركۈنى سەھەردە يولغا چىقىپتۇ! پىلچاق بىلەن كىچىك شىر چانىدا
ئولتۇرۇپتۇ. كۈچتۈڭگۈر قوڭۇر ئېيىق ئالدىدا مېڭىپ، ئۇلارنى ئاپئاق قار بىلەن
قاپلانغان تاغدىن سۆرەپ ئۆتكۈزۈپتۇ.

تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە بارغاندا، قوڭۇر ئېيىق پىلچاق بىلەن كىچىك شىرنى
چانىدىن چۈشۈرۈپتۇ.

— سلەر بۇ تاشيولنى بويلاپ داۋاملىق ماڭساڭلار، بىر ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتسلەر، ئاندىن يول ئاسانلىشىدۇ. سلەرگە ئاق يول تىلەيمەن، ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار! — دەپتۇ.

— رەھمەت سىزگە، قوڭۇر ئېيىق تاغا، — دەپتۇ پىلچاق.

— خەير - خوش! — دەپ ۋارقىراپتۇ كىچىك شىر.





پىلچاق بىلەن شىر بالىسى تار چىغىر يولدا توختىماستىن مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا ئاسما كۆۋرۈككە يېتىپ كەپتۇ.



ئاسما كۆۋرۈك قارىماققا لىڭشىپ تۇرىدىكەن. ئەمما پىلچاقنىڭ ئېگىزدە بېشى قايمايدىكەن، ئۇ كىچىك شىرنى باشلاپ كۆۋرۈكتىن بىخەتەر ئۆتۈۋاپتۇ.



كۆۋرۆكتن ئۆتكەندىن كيين، پىلچاق بىلەن شىر بالسى ئۇزۇن ھەم
قاپقاراڭغۇ قيا تاش تونىلدىن قانداق ئۆتۆش ھەققدە باش قاتۇرۇپتۇ. بۇ
تونىل تاغ قاپتىلغا تۇتىشدىكەن.



ئۇلار تونېلدىن چىققاندىن كېيىن، يەنە بىر تار جىراغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، كۆز ئالدىدا بۈك - باراقسان ئورمانلىق كۆرۈنۈپتۇ.

— بۇ يەرنى مەن بىلمەن، بۇ يەر شىر جىلغىسىغا ئانچە يىراق ئەمەس، — دەپتۇ شىر بالىسى.

پىلچاق بۇرنىنى تۈزلەپ ئاۋاز چىقىرىپتۇ، ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى تاغ جىلغىسىدا ئەكس سادا ھاسىل قىلىپتۇ.



ئەمما پىلچاق ئورمانلىقتا ئازراق مېڭىپلا ئېزىپ قاپتۇ.
بىر كەسلەنچۈك دەرەخ شېخىدا چىۋىن تۇتۇۋاتقانىكەن.
كىچىك شىر ئۇنىڭدىن:

— كەچۈرۈڭ، شىر جىلغىسىغا قانداق ماڭىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شىرنى سورىساڭلار مەندە يوق، لېكىن چىۋىن سورىساڭلار بىرسى بار! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەسلەنچۈك.

پىلچاق بىلەن شىر بالىسى ئالدىغا مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئورمانلىق ئاستا ـ ئاستا يورۇشقا باشلاپتۇ، ئۇلار بىر سازلىققا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە بىر ئوت ـ چۆپتىن ياسالغان كەپە بار ئىكەن. كەپىنىڭ ئىگىسى بىر سۇ چاشقىنى ئىكەن. ئۇنىڭ كەپىسىدىن باشقا يەنە بىر قېيىقمۇ بار ئىكەن!

— سىز بىزنى شىر جىلغىسىغا ئاپىرىپ قويالامسىز ؟— دەپ سوراپتۇ پىلچاق سۇ چاشقىنىدىن.

— چاتاق يوق! لېكىن مېنىڭ بىر شەرتىم بار، سىلەر ماڭا ئۇزۇن ھېكايە ئېيتىپ بېرىسىلەر. سىلەر بۇنداق ھېكايىنى ئېيتالامسىلەر؟ — دەپتۇ.

شىر بالىسى خاتىرجەم ھالدا:

— بىزدە ئۇنداق ھېكايىلەر كۆپ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا كېمىگە چىقىڭلار! — دەپتۇ سۇ چاشقىنى قولىنى پۇلاڭلىتىپ.



پىلچاق بىلەن شىر بالىسى كېمىگە چىقىپتۇ، سۇ چاشقىنى كېمىنى ھەيدەپ سازلىقتىن چىقىپتۇ. پىلچاق يول بويى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پىللار توپىنى ئىزدىگەن ئۇزۇن ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.





ھېكايە تۈگەپتۇ، ئۇلارمۇ قارشى قىرغاققا كېلىپ قاپتۇ. پىلچاق بىلەن كىچىك شىر كېمىدىن چۈشۈپتۇ.

— بىزنى سازلىقتىن ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىڭىزغا رەھمەت! — دەپتۇ كىچىك شىر.

— سېنىڭ ھېكايەڭگىمۇ رەھمەت، پىلچاق، سېنىڭ ئاتا - ئاناڭنى بالدۇرراق تېپىۋېلىشىڭغا تىلەكداشمەن. كېلە، مەن ساڭا بىر چاشقاننىڭ چىشىنى بېرەي، ئۇ ساڭا ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ! — دېگەچ سۇ چاشقىنى چاشقان چىشىنى پىلچاقنىڭ ئۇزۇن بۇرنىغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

— ئەمدى بولدى، ھازىردىن باشلاپ ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ!





بىرئازدىن كېيىن، پىلچاق بىلەن كىچىك شىر شىر جىلغىسىغا يېتىپ كەپتۇ.

بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا يوغان بىر شىر قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ شىر بۇ جىلغىغا شىردىن باشقا ھەرقانداق ھايۋاننى كىرگۈزمەيدىكەن. بىراق پىلچاقنى قائىدىنى بۇزۇپ كىرگۈزۈۋېتىپتۇ، چۈنكى ئۇ كىچىك شىرنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى ئىكەن.



شر جلغسدا ناهايتى نۇرغۇن چوڭ شرلار بار ئكەن، ئۇلار تاشلارنڭ ئۇستده ئوڭدا، دۇمدە يېتپ ئاپتاپ سۇنۇۋاتقانكەن.



شر بالسى ھەربىر شىردىن پىلار توپىنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. شىرلارنىڭ ھەممىسى «كۆرمىدۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ـ دە، يەنە مۆگدەشكە باشلاپتۇ.



پىلچاق بىلەن كىچىك شىر سالقىنراق جايدىن برنى تېپىپ ئارام ئېلىپتۇ. ئۇلار بەك ئۇزۇن يول ماڭغاچقا پۇتلىرى ئاغرىپ كەتكەنىكەن.

ــ بەك ئەپسۇس، بۈگۈن مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر ساڭا ئانچە قىزغىن بولمىدى، ــ دەپتۇ كىچىك شىر پىلچاقلا.

ــ ھېچقىسى يوق، ئەمدى سەنمۇ بۇ شىر جىلغىسىدا خاتىرجەم قالغىن، ئەتە مەن ئۆزۈم ئاتا ـ ئانامنى ئىزدەي. تەلەي چىشى بولغاندىكىن، مەنمۇ چوقۇم ناھايىتى تېزلا ئاتا ـ ئانامنى تېپىۋېلىشىم مۇمكىن. مەندىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ! ــ دەپتۇ پىلچاق.

شۇنىڭ بىلەن كىچىك شىر كۆزىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

لېكىن پىلچاق ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇخلىيالماپتۇ. ئەتىسى كۈن ئەمدى يورۇشىغا ئۇ شىر جىلغىسىدىن كېتىپتۇ. گەرچە كۆڭلىدە ئازراق ئەندىشە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى مەزمۇت قەدەم بىلەن ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ قىيالاردىن ھالقىپتۇ، كېچىكلەرنى كېچىپتۇ، قويۇق چاتقاللىقلاردىن ئۆتۈپتۇ، تۈز كەتكەن يايلاقتا يۈگۈرۈپتۇ. ئاسماندىكى بۇلۇتلار ئاستا ـ ئاستا يىغىلىپ قېلىن بىر قارا بۇلۇتقا ئايلىنىپتۇ، ئوتلاقلاردىن شاماللار كېلىشكە باشلاپتۇ.

پىلچاق تۇيۇقسىز جايدا مىخلاپ قويغاندەك توختاپ قاپتۇ. ئۇ ھېلىقى تەلەي چىشىنى يىتتۈرۈپ قويغانىكەن! ھېلىقى چاشقان چىشى قېنىدۇ؟ پىلچاق بۇ چاغدا قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي قاپتۇ.





پىلچاق ئىچىدە:

— مەن ئەمدى ئاتا - ئانامنى ھەرگىز تاپالمىغۇدەكمەن، بارلىق تارتقان جاپالىرىم، تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى، — دەپ ئويلاپتۇ، بۇ چاغدا شار - شۇر قىلىپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ.

پىلچاق بىر قويۇق چاتقاللىقنىڭ ئاستىغا كىرىپ يامغۇردىن پاناھلىنىپتۇ.



يوغان - يوغان تامچە يامغۇرلار يەرگە پاراس - پۇرۇس قىلىپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. پىلچاقنىڭ ئۆيقۇسى كېلىپ، كۆزىنى ئاچالماي قاپتۇ. ئۇ ئۇخلاپ قېلىشتىن بۇرۇن چاقماقنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ، بۇ ئاۋازلار ئۇنىڭغا خۇددى بىر توپ پىللار بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تەسىر بېرىپتۇ.



پىلچاق چۈشىدىن ئويغانسا، كۈن چىقىپ بولغانىكەن. ئۇ ئىنتايىن چارچىغان ھەم ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، شىر جىلغىسىغا قايتماقچى بولۇپتۇ. ئۇ چوڭ بىر قىيا تاشتىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە، تۇيۇقسىز ئىككى يوغان پىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ!

پىلچاق ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ.

— سىلەر مېنىڭ ئاتا ـ ئانام بولامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ بوش ئاۋازدا.



ئۇلار ھەقىقەتەن پىلچاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىكەن! ئۇلارمۇ پىلچاقنى دەرھال تونۇۋاپتۇ.

پىلچاق ئۇلارغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بىر ئائىلىدىكى ئۈچ پىل بۇرنى بىلەن بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپتۇ، ھاياجانلانغانلىقىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشالماپتۇ.



پىلچاق بىر توپ چوڭ پىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، چوڭ پىللارنىڭ ھەممىسى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ، بەزىدە ئۇھسىنغان ئاۋازلارنىمۇ چىقىرىشىپتۇ.



ھېكايە تۈگىگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك پىل توپىدىن بىر كىچىك باتۇرنىڭ چىققانلىقىدىن، ئۇنىڭ شۇنداق ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەلگەنلىكىدىن، نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان بولسىمۇ ئاخىرىدا غەلىبە قىلغانلىقىدىن پەخىرلىنىپتۇ. ئەلۋەتتە، ھەممىدىن بەكرەك پەخىرلەنگىنى پىلچاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىكەن.



ئۇلار بىزنىڭ بالىمىز ئادەتتىكى بالا ئەمەس ئىكەن، كەلگۈسىدە چوقۇم چوڭ بىر جەمەتنىڭ باشلىقى بولالىغۇدەك، دەپ ئويلاپتۇ.

پىللار توپى داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەپتۇ. پىلچاق دادىسىنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋېلىپ، بار كۈچى بىلەن بۇرنىنى كاناي قىلىپ چېلىپتۇ، چۈنكى بۇ دەقىقىدە ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىپتۇ.

لېكىن، كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدى بىلەن پەقەت ئوخشاشماپتۇ.

نەچچە يىللاردىن كېيىن، پىلچاق چوڭ بوپتۇ. ئۇ قاۋۇل ھەم كۈچلۈك چوڭ پىلغا ئايلانغان چاغدا، ئاتا ـ ئانىسى ۋە پىللار توپىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى خالىغان يولغا مېڭىپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن پىللار توپىغا باشلىق بولۇشنى ئويلاپ باقمىغانىكەن ھەم پىللار توپى ئارىسىدىكى تۇرمۇشنى مەنىسىز ھېس قىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، كىچىك ۋاقتىدا يالغۇز جاھان كەزگەندەك، پىللار توپىدىن يالغۇز ئايرىلىشنى قارار قىلىپتۇ. لېكىن بۇ قېتىم ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەۋەككۈل قىلىشنى تاللاپتۇ. ئۇ ھەممە يەرگە بېرىپتۇ، باشقا ھايۋانلار بىلەن قويۇق دوستلۇق ئورنىتىپتۇ. لېكىن ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم، دەريا بويىدىكى قەدىناس دوستلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشنى توختىتىپ قويماپتۇ.






تۈگدی

بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆美术摄影出版社 2013 年 5 月第 1 版，2014 年 6 月第 5 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۇ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىنا دىلمۇرات
مەسئۇل كوررېكتورى: مېھرىبان نۇرئەخمەت

قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ

**«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى**

# پىلچاق ئۆيگە قايتتى

**تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت**

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى غەربىي قاراماي كوچىسى 1100 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830091
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنمېي سارىيى مەدەنىيەت تاراتقۇ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1194 × 889 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 2
نەشرى: 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7829 - 1
باھاسى: 10.00 يۈەن

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)



ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
WWW.dudu-book365.com

ISBN 978-7-5469-7829-1
9 787546 978291 >
定价：10.00元